شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 11 ـ ئاي
18
دۈشەنبە
维吾尔文 11 月18日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24883 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن

مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «ئارمىيەنىڭ پارتىيە سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مەركىزىي ھەربىي كومىتېت يېقىندا «ئارمىيەنىڭ پارتىيە سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش تەلەپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەربىي كومىتېت رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. سىياسىي ئېتىقادنى مەشىقلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

گرېتسىيەدىكى دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىنى ھەمدە برازىلىيەگە بېرىپ كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 11 ـ قېتىملىق ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ

شى جىنپىڭ بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ گرېتسىيەدىكى دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىنى ھەمدە برازىلىيەگە بېرىپ كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 11 ـ قېتىملىق ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى.

رەئىس شى جىنپىڭنىڭ رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى دىڭ شۆشياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي تاشقى ئىشلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ياڭ جيېچى، دۆلەت كومىسسارى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ يى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خې لىفېڭ قاتارلىق ھەمراھ خادىملار شۇ ئايروپىلاندا يېتىپ كەلدى.

شۇ يەر ۋاقتى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شى جىنپىڭ باشلىيادىن ئايرىلىپ ۋەتەنگە قايتىقچە، برازىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئايروپورتقا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى.

ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىدە، شى جىنپىڭ ئىسپانىيەنىڭ تېنېرىفې ئارىلىدا تېخنىكىلىق توختىدى.

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولايلى

ـــ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا (2)

☐ **گېزىتىمىز ئوبزورچىسى**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلەندى: ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بىز قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە ياخشى تۇتۇشىمىز، پۇختا تۇتۇشىمىز كېرەك.

ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى پارتىيەنىڭ نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق ۋەزىپە قىلىپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، قەلبلەرگە سىڭىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىلىرى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى نۇقتىلىق مەزمۇن قىلىشى؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاۋۋال ئۆگىنىشى، كۆپرەك ئۆگىنىشى، يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىشى؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپ (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)لىرى، كادىرلار شۆيۈەنلىرى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيەلەش، يېتىشتۈرۈشتىكى زۆرۈر دەرسلىك قىلىشى؛ ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل مەكتەپلەر ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى دەرسخانىغا كىرگۈزۈش، كاللىغا كىرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇشى؛ ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىشنى ياخشى تەشكىللەپ، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشنى تولۇق قاپلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇش، بىلىش، ئىشىنىش، قىلىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ۋاستە ۋە شەكىلدە يېڭىلىق يارىتىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يېڭى كۈيىنى پۈتۈش

ـــ دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدا يۈرۈشلۈك خەۋەر

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش
دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش

11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى شىرىنزا يېزىسى بۇلۇڭتوغراق كەنتىدە ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «قوشنىلار بايرىمى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇۋاتاتتى. «تۇرمۇشىمىز نېمىدېگەن گۈزەل» دېگەن كۈيىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پائالىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلار مەدھىيەلىنىپ، يۇرتداشلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

شىرىنزا يېزىسىدا خەنزۇ مىللىتى، قازاق مىللىتى، خۇيزۇ مىللىتى، موڭغۇل مىللىتى قاتارلىق كۆپ مىللەت ئاھالە ئولتۇراقلاشقان. 2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بۇ يېزا دىققەتنى « 3+3+1»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇشنى باش تېما تەربىيەسىدىكى «زۆرۈر دەرسلىك» قىلىپ، ھەر ئايدىكى بىر قېتىملىق «قوشنىلار بايرىمى»نى ۋاستە قىلىپ، قوشنىلار ئارا ئىناقلىقنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

مۇخبىرلارنىڭ ئىگىلىشىچە، ھەر قېتىملىق «قوشنىلار بايرىمى»دا، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئەتراپىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدىكەن. 49 ياشلىق موڭغۇل ئەر يېن گۇاڭ شىرىنزا يېزىسى سەنشىلى گۇەنزە كەنتى چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ، ئۇ «قوشنىلار بايرىمى»دا يۇرتداشلىرىغا خەنزۇ قوشنىسى گو يەنشيۇ بىلەن ئورتاق تەرەققىي قىلىپ، ئورتاق بېيىغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى.

«ئىلگىرى، مەن ئاساسلىقى چارۋا بېقىشقا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتىم، كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆيدە يوق ئىدىم، لاۋگو مېنىڭ قوشنام بولۇپ، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىمغا ياردەملەشتى، ئۇنىڭ ياردىمى بولغاچقىلا، مەن خاتىرجەم قوي باقالايتتىم.» يېن گۇاڭنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپ، ھاياجانلانغان ھالدا گو يەنشيۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن بولغان ھېكايىسىنى سۆزلىدى، «بىز ئىككى ئائىلە قوشماقلىشىپ تۇغقان بولغىلى 20 يىل بولدى، بىز بىر تۇغقان قېرىنداشلاردىنمۇ يېقىن!»

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ـــ يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ETCنىڭ يولۇچىلار ئاپتوموبىلدا ئىشلىتىلىش نىسبىتى %60تىن ئاشتى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەق ئېلىنىدىغان تاشيول تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا دەسلەپكى نەتىجە ـ ئۈنۈم كۆرۈلدى

مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتوموبىللار ھەق ئېلىش پونكىتى ETC(ئاپتوموبىل توختاتماي ئېلېكترونلۇق ھەق ئېلىش سىستېمىسى)نىڭ مەخسۇس ئاپتوموبىل يولىغا كىرگەندە، ئاپتوموبىلنىڭ ئۇچۇرى پەرقلەندۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەق ئېلىش كالتىكى كۆتۈرۈلۈپ ئاپتوموبىل ئۆتىدۇ، پۈتكۈل ھەق ئېلىش جەريانىغا پەقەت ئۈچ سېكۇنتتىن بەش سېكۇنتقىچە ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ، 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مۇخبىر ئۈرۈمچى شەھەر ئايلانما يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى شەرقىي لىنىيەسى ئۇلانباي شىمالىي باغلىما يولى ھەق ئېلىش پونكىتىدا كۆرگەن كۆرۈنۈش. بۇ خىل كۆرۈنۈشنى ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھايىتى نۇرغۇن ھەق ئېلىش پونكىتلىرىنىڭ ھەممىسىدە كۆرگىلى بولىدۇ.

مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 2 مىليون 15 مىڭ 300 يۈرۈش ETC تارقىتىلغان بولۇپ، قاتناش ـ ترانسپورت مىنىستىرلىقىنىڭ 3 مىليون 174 مىڭ 900نى تارقىتىش ۋەزىپىسىنىڭ %63.48ى ئورۇندىلىپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا ETCنىڭ يولۇچىلار ئاپتوموبىلدا ئىشلىتىلىش نىسبىتى %61.2 بولۇپ، ھەق ئېلىنىدىغان تاشيول تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا دەسلەپكى قەدەمدە نەتىجە ـ ئۈنۈم كۆرۈلگەن.

ETCنى ئىشلەتكەندە، ئاپتوموبىل ئىگىسى يول يۈرۈش جەريانىدا ئاپتوموبىل توختاتماي تۇرۇپلا ھەق تاپشۇرالايدۇ، بۇنى ئەنئەنىۋى ئادەم ئارقىلىق ھەق ئېلىشقا سېلىشتۇرغاندا،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شىنجاڭ داشىمىن سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشىدىكى تۇسما قۇرۇلۇشى تاماملاندى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار **لى جىخاۋ، جوۋ يى**) يېقىندا، دۆلەتنىڭ 172 تۈرلۈك مۇھىم، زور سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ بىرى بولغان شىنجاڭ داشىمىن سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشىدىكى تۇسما قۇرۇلۇشى ئۇڭۇشلۇق تاماملاندى، تۇسما 2304 مېتىر ئېگىزلىكتە تىندۇرۇلۇپ، كېلەر يىلى مۇۋاپىق پەيتتە چۈشۈرگە ئېچىلىپ سۇ ساقلاشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور تۈگۈن نىشانىنى ئورۇنداش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

داشىمىن سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى چوڭ (2)تىپلىق II ـ دەرىجىدىكى قۇرۇلۇش بولۇپ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چەرچەن ناھىيەسى تەۋەسىدىكى چەرچەن دەرياسىغا جايلاشقان، تۇسما ئورنى چەرچەن دەرياسى بىلەن تۆچىرسا دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى 300 مېتىر جايغا جايلاشقان، تۇسما چىڭدىتىلغان ئاسفالتلىق بېتون تام تۇسمىسى بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى نۆۋەتتە ياسالىۋاتقان ئوخشاش تىپتىكى ئەڭ ئېگىز تۇسما ھېسابلىنىدۇ.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

دوكلات باش شۇجى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىشەنچىمىز بار

ساياھەت + نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، كۆتۈرۈلگەن ئۈمىد ئۇچقۇنى

ـــ ئېغىر نامرات ناھىيەلەرنىڭ بىرىنچى سېپىدىن كەلگەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش (1)

ئىلاۋە

نۆۋەتتە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جەڭدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش باسقۇچىغا كىردى، پۈتۈن شىنجاڭ بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىكى كادىرلار، ئامما ھەم چوڭ ئىمتىھانغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ ھەم تەكشۈرۈپ سىناشنى كۈتۈۋېلىۋاتىدۇ. پىلان بويىچە، بۇ يىل جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 12 ناھىيە، شەھەر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە پۇختا ئاساس سېلىنىدۇ. مۇشۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە، گېزىتىمىز پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىدىن تۆت تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 12 ناھىيە، شەھەرگە نۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەۋەتىپ، ھەقىقىي تۈردە ئايىغى چاققان، كۆزى ئۆتكۈر، زېھنى ئوچۇق ۋە قەلەمى كۈچلۈك بولۇش جەھەتتىن چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى جانلىق، تەسىرلىك ھېكايىلەرنى بايان قىلىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش جەھەتتىكى خىزمەت نەتىجىلىرى، يارقىن نۇقتىلىرى ۋە تەجرىبە ـ ئىزدىنىشلىرىنى ئومۇمىي كۆرۈنۈش بويىچە نامايان قىلىدۇ. بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىزدە «دوكلات باش شۇجى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىشەنچىمىز بار» مەخسۇس ئىستونى، مەخسۇس بېتى تەسىس قىلىندى، دىققەت قىلغايسىلەر.

☐ **گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى بەي جىيۇ، جاۋ چۈنخۇا، خې لىڭ، ئازات يۈسۈپجان، لۇ يىخەن، تاۋ جىخاۋ**

ئەگەر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدىكى يارقىن نۇقتىلار خۇلاسىلەنسە، ئۇنداقتا ساياھەت مۇقەررەر ھالدا بىر ھالقىلىق سۆز بولۇپ قالىدۇ. مۇقىملىق ئېلىپ كەلگەن پايدىنىڭ سەجىل قويۇپ بېرىلىشى ۋە ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىيات پۇرسىتىنى كۈتۈۋالدى، شۇنداقلا تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئويلاشقاندا، ساياھەت مۇلازىمەت كەسپىنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسپلەرگە ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇپ، تەرەققىيات بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. بولۇپمۇ ساياھەت بىلەن نامراتلارنى يۆلەشنى بىرلەشتۈرگەندە، ئاجايىپ خىمىيەلىك رېئاكسىيە پەيدا قىلىدۇ، ئادەم يەنىلا ئەسلىدىكى ئادەم، يېزا ـ كەنت يەنىلا ئەسلىدىكى يېزا ـ كەنت، ئەمما تەرەققىيات يېڭى مەنزىلگە كىردى.

كوناشەھەر ناھىيەسىدىن ئىبارەت ساياھەت بايلىقى ئانچە مول بولمىغان بۇ تۇپراقتا، ھۆكۈمەت، جەمئىيەت ۋە ئاممىدىن كەلگەن ھەرقايسى تەرەپ كۈچلىرى كاللىسىنى ئىشلىتىپ، قەتئىي بوشاشماي ئىشلەپ، كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھېكايىلىرىنى يازماقتا.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



راۋاپ ياڭرىدى، جاي ـ جايلاردىن كەلگەنلەر جەم بولدى! 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، كوناشەھەر ناھىيەسى ئوغۇساق بازىرى تۆۋەنكى ئوغۇساق كەنتىدىكى قول ھۈنەرۋەن مامۇتجان راخمان ساياھەتچىلەرگە راۋاپ چېلىپ بەرمەكتە ھەم گۇاڭجوۋدىن كەلگەن ساياھەتچى بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشمەكتە.
☐ **لى جىننەن سىزغان**

ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشماقتا

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خاتىرىسى

☐ **بەي جىيۇ**

كەسپ قۇرۇلمىسىنى ئايرىش جەريانىدا، ساياھەتچىلىك مۇلازىمەتچىلىكتىكى بىر ئىنچىكە ئايرىلغان ساھە بولسىمۇ، لېكىن ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىر خىل يولى دەپ قارالسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئۈنۈمى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسپنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىپادىلىرىنى يۇغۇرغان بولىدۇ.

ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرىدا، ساياھەت قىزغىنلىقى ئېلىپ كەلگەن كىشىلەر ئېقىمىغا تايىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئېتىزدىن ئالغان ھوسۇلى بارغانسېرى ياخشى سېتىلدى؛ ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا، ساياھەت خاتىرە بۇيۇمى سۈپىتىدە لايىھەلىنىپ چىقىلغان قول ھۈنەر بۇيۇملىرى بارغانسېرى كۆپەيدى؛ يۇقراۋى قونالغۇ، دېھقانلار ئارامگاھىدا نۇرغۇن دېھقان ئاشپەز ۋە مۇلازىم بولدى، كىرىم يوللىرى بارغانسېرى كېڭەيدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنى ئىككىلىك كودنى سكانىرلاپ كۆرۈڭ